دۇنيا پەن - تېخنىكىسىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە يۈزلىنىپ، ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا يۈزلىنىپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور ئېھتىياجىغا يۈزلىنىپ، خەلقنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىغا يۈزلىنىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا پەن - تېخنىكىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ يۈرۈش قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى فۇ چياۋمېي، بېيجىڭ خىمىيە سانائىتى داشۆسىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپلىك پروفېسسورى دەي ۋېي قاتارلىق يەتتە نەپەر ئالىملار ۋەكىللىك ئىلگىرى - كېيىن سۆز قىلىپ، پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر - تەكلىپلەرنى بەردى. شى جىنپىڭ سۆز قىلغان ھەربىر ئالىم بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، بىر قىسىم مۇھىم، زور پەن - تېخنىكا مەسىلىلىرى ۋە پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىش مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلدى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: كۆپچىلىك ناھايىتى ياخشى سۆزلىدىڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ تەتقىقات ساھەسىگە بىرلەشتۈرۈپ نۇرغۇن قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپ بەردىڭلار، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ قوبۇل قىلىشىنى سورايمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بىز پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭىلىق يارىتىشنى تەرەققىياتتا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇردۇق. پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. مۇھىم، زور يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرى كەينى - كەينىدىن بارلىققا كېلىپ، بىر قىسىم ئالدىنقى سەپ ساھەلىرى تەڭ يۈگۈرۈش، يېتەكلەپ يۈگۈرۈش باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ، پەن - تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى مىقدار جۇغلاشتىن سۈپەتكە قاراپ ھالقىپ، نۆۋەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىشتىن سىستېمىلىق ئىقتىدارنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە قاراپ يۈزلەندى. بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا، كەڭ پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى داۋالاش، ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ياساش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قاتارلىق كۆپلىگەن مۇھىم ساھەلەردە پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى، مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەن كەڭ پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى دۇچ كەلگەن ئىچكى - تاشقى مۇھىتتا چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش بولدى، دۆلىتىمىزنىڭ «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ھەمدە تېخىمۇ ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىياتى پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىشكە تېخىمۇ جىددىي تەلەپ قويدى. پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىش يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنىڭ ئېھتىياجى، خەلقنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئېھتىياجى، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى ئوڭۇشلۇق باشلاشنىڭ ئېھتىياجى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۆلىتىمىز نۇرغۇن پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىگە، كۆلىمى زور تەتقىق قىلىش، ئېچىش سېلىنمىسىغا ئىگە، ئاچقۇچ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئېكولوگىيەسىنى ياخشىلاپ، يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، كەڭ ئالىملار ۋە پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىگە تالانتىنى نامايان قىلىدىغان سەھنە ھازىرلاپ بېرىپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلتۈرۈشتە. ئېھتىياج يۆنىلىشى ۋە مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تېز بۆسۈش ھاسىل قىلالايدىغان، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلالايدىغان تېخنىكىلارنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا سىلجىتىش؛ ئىستراتېگىيەلىككە ئىگە بولغان، بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا ئېھتىياجلىق تېخنىكىلارنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرما قىلىش كېرەك. دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغان ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، پەن - تېخنىكا بايلىقىنى تەقسىملەشنى بىرىكتۈرۈپ، ئەلالاشتۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەلالاشتۇرۇپ بىرىكتۈرۈپ، بىر تۈركۈم دۆلەت تەجرىبىخانىلىرىنى قۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ تەجرىبىخانا سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن تەتقىقاتتىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇھىم ساھەلەردىكى ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئۇل تەتقىقاتنى ئىزچىل كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇل تەتقىقات ساھەسىنىڭ يۆنىلىشى ۋە تەرەققىيات نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇل تەتقىقات سېلىنمىسىنى زورايتىپ، مالىيە، پۇل مۇئامىلە، باج قاتارلىق جەھەتلەردە زۆرۈر سىياسەت مەددىتى بېرىپ، ئۇل تەتقىقاتقا پايدىلىق ياخشى پەن تەتقىقات ئېكولوگىيەسىنى بەرپا قىلىپ، ئىلمىي باھالاش سىستېمىسى، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، سىجىل، ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىش ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەپ، يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مائارىپنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، مائارىپ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، بىيولوگىيە قاتارلىق ئاساسىي پەنلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شارائىتى يار بېرىدىغان ئالىي مەكتەپلەرنى ئۇل تەتقىقات، گىرەلەشمە پەنلەرگە مۇناسىۋەتلىك پەن كەسپلىرىنى پائال تەسىس قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئاساسىي پەنلەر بويىچە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئىسلاھاتقا تايىنىپ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق غايەت زور يېڭىلىق يارىتىش يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك قويۇپ بېرىپ، «ئىلمىي ماقالە ھەممىنى بەلگىلەش، ئۇنۋان ھەممىنى بەلگىلەش، ئوقۇش تارىخى ھەممىنى بەلگىلەش، مۇكاپات تۈرى ھەممىنى بەلگىلەش»نى قەتئىي تۈگىتىش كېرەك. خەلقئارا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، يەر شارىۋى يېڭىلىق يارىتىش تورىغا تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىڭىپ، ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش داۋامىدا ئۆزىنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەنىۋى تەرەكتىن ئايرىلالمايدۇ. ئالىملار روھى پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى ئۇزاق مەزگىللىك پەن ئەمەلىيىتى داۋامىدا جۇغلىغان قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق. كەڭ پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، دۆلەت مەنپەئەتى ۋە خەلق مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، پېشقەدەم ئالىملارنىڭ ۋەتەننى قەلبىگە پۈكۈش، خەلققە مۇلازىمەت قىلىشتەك ئېسىل خىسلىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، «ئىككى بومبا، بىر سۈنئىي ھەمراھ» روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، تارىخنىڭ ئېغىر ۋەزىپىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىلىم - پەنگە بولغان ئىنتىلىشىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا سىڭدۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. كەڭ پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى ئىجاد قىلىشتا جۈرئەت قىلىشتەك جەسۇرانە ئىرادە تىكلەپ، يېڭى نەزەرىيەنى ئوتتۇرىغا قويۇش، يېڭى ساھە ئېچىش، يېڭى يول ئۈستىدە ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلىپ، خاس ئىجادىيەت، ئۆزگىچە بولۇشقا كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىجادىي نەتىجىلەرنى كۆپلەپ چىقىرىپ، ئىلىم - پەن سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك. پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنى ئۆزىنىڭ پەن تەتقىقات ئىشلىرىغا بېرىلىپ، تىرىشىپ تەتقىق قىلىشقا، شۆھرەتپەرەسلىك قىلماسلىققا، نام - مەنپەئەت قوغلاشماسلىققا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلغان، ئىلىم - پەنگە ئۆزىنى بېغىشلىغان تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش كېرەك. قىزىقىش ئادەمنىڭ تۇغما تەبىئىتى، ئىلىم - پەنگە بولغان قىزىقىشنى يېتەكلەش ۋە ئۇنى يېتىلدۈرۈشنى بالىلاردىن باشلاپ تۇتۇپ، ئۇلارغا تېخىمۇ كۆپ ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئىلمىي ئۇسۇلنى ئىگىلىتىپ، زور بىر تۈركۈم ئالىم يوشۇرۇن ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ياشلار، ئۆسمۈرلەر توپىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەمدە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمگەكنى ھۆرمەتلەپ، بىلىمنى ھۆرمەتلەپ، ئىختىساسلىقلارنى ھۆرمەتلەپ، ئىجادىيەتنى ھۆرمەتلەپ، ئىلمىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولۇش ھەمدە رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار يېڭى ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، يەر شارىۋى پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە دىققەت قىلىشى كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، ليۇ خې، سۈن چۈنلەن، چېن شى، خۇاڭ كۇنمىڭ، ۋەن گاڭ، خې لىفېڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، ئالىملار ۋەكىللىرى قاتارلىقلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

تۈردە زامانىۋى ئوبوروت سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپە قىلىپ چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، قاتتىق دېتال ۋە يۇمشاق دېتال قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئوبوروت ساھەسىدىكى تۈزۈم قائىدىسى ۋە ئۆلچىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زامانىۋى ئەشيا ئوبوروتى كارخانىلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، زامانىۋى ئوبوروت سىستېمىسىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى، تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك. نۆۋەتلىك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى تەڭ ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، زامانىۋى ئۇنىۋېرسال ترانسپورت سىستېمىسى، زامانىۋى سودا ئوبوروت سىستېمىسى، جەمئىيەت ئىناۋەت سىستېمىسى، چىقىم راسچوتى قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئۇل ئەسلىھەلىرى، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئەشيا ئوبوروتى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. كەم - كوتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، توغرا سىياسىي نەتىجە قارىشى تۇرغۇزۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئاڭلىقلىق ۋە تەشەببۇسكارلىقنى كۈچەيتىپ، كەم - كوتىسىز ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىرلەرنى ۋاقتىدا كونكرېت سىياسەت ۋە قانۇن - نىزاملارغا ئايلاندۇرۇپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باھالاش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى شىنجاڭدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنى يولغا قويۇش چارىسى» قاراپ چىقىلدى. يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قار - مۇزلۇقنىڭ ئۆزىمۇ بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى زور كۈچ بىلەن ئاسراپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا بولغان ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش كېرەك. ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات يولىدا قەتئىي مېڭىپ، تەرەققىيات داۋامىدا قوغداش، قوغداش داۋامىدا تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق تەرەققىي قىلىدىغان زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلاپ، ئۇنىۋېرسال ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيىتىدىنمۇ تۈزەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، نازارەت قىلىش، جاۋابكارلىقنى تارتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى يۇقىرى سەۋىيەدە ئاسراش ئارقىلىق، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يىغىندا «سودىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» قاراپ چىقىلدى. يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر تەشكىلىي رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نۆۋەتلىك ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتىدە، تاۋار ۋە مۇھىم ئامىللارنىڭ ھەرىكەتچان تىپتىكى ئېچىۋېتىشتىن قائىدە قاتارلىق تۈزۈم تىپىدىكى ئېچىۋېتىشكە ئۆزگىرىشىگە تېز تۈرتكە بولۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى يېتەكچى قىلىپ، ئىمپورت بىلەن ئېكسپورت، مال سودىسى بىلەن مۇلازىمەت - سودا، سودا بىلەن قوش يۆنىلىشلىك سېلىنما، سودا بىلەن كەسىپنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز سودىسىنىڭ سىجىل، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، لى پېڭشىن، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىك كۈچى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنىڭ كەڭ ھەم مۇستەھكەم ئاساسى، دەپ چوڭقۇر كۆرسەتتى.

تۇيۇقسىز تارقالغان ئېغىر يۇقۇم ئالدىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، پەۋقۇلئاددە تەدبىر ئارقىلىق پەۋقۇلئاددە ئىشقا تاقابىل تۇردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتتى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلدى، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى 21 قېتىم يىغىن ئېچىپ تەتقىق قىلىپ تەدبىر بەلگىلەپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە پەن - مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ھەر تەرەپ، ھەر ساھەلەردە چوڭ جەڭگە قاتنىشىشقا رەھبەرلىك قىلىپ تەشكىللەپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش ئومۇمىي تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسۇش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش باش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ۋۇخەننى قوغداش جېڭى، خۇبېينى قوغداش جېڭىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ۋاقىت ۋە ۋەزىيەتكە قاراپ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك تاكتىكا تۈزدى... دەل پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولغاچقا، پۈتۈن مەملىكەتتە بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، ئىستېرېئولۇق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما تېزدىن شەكىللەندۈرۈلۈپ، يۇقۇمنىڭ كەڭ دائىرىدە يامرىشى ئۈنۈملۈك توسۇلۇپ، ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشىدىكى خەتەرلىك مۇساپىنى كۈچلۈك ئۆزگەرتىپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقى ئەڭ زور چەكتە قوغدالدى. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرۈشىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلگەنلىكى شۇنى تولۇق كۆرسىتىپ بەردىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى پۈتۈنلەي توغرا، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى قۇدرەتلىك، كۈچلۈك، ۋەزىيەت قانچە مۇرەككەپ، خىرىس قانچە كەسكىن بولغانسېرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنىڭ كۈچلۈك مۇقىملاشتۇرغۇچلۇق رولىنى شۇنچە جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقى ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلگەندە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، خەلق ئۈچۈن ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن باش تارتماسلىقتا چىڭ تۇردى. ۋىرۇس تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان، يۇقۇم يامان ئەلپازدا كەلگەن ئاچقۇچلۇق پەيتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ غايەت زور سىياسىي جاسارىتى ۋە كەسكىن تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن مۇھىم، زور تەدبىر بەلگىلەپ، ۋۇخەندىن چىقىدىغان، خۇبېيدىن چىقىدىغان يولنى كەسكىنلىك بىلەن تاقاپ، مىسلىسىز قاتتىق باشقۇرۇش - تىزگىنلەشنى يولغا قويدى. دەل باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتكەندەك: «خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئالدىدا، بىز جەزمەن ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن باش تارتمايمىز، بىز ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن باش تارتماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز، سەۋەبى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تۈپ مەقسىتى جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، بىزنىڭ دۆلىتىمىز خەلق ئۆزىگە ئىگە بولىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت». خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن بىز ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن يانمايمىز! تۇغۇلغىنىغا ئەمدىلا 30 نەچچە سائەت بولغان بوۋاقتىن 100 نەچچە ياشلىق ياشانغان كىشىگىچە، جۇڭگودا ئوقۇۋاتقان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلاردىن جۇڭگوغا كەلگەن چەت ئەللىك خادىملارغىچە، ھەربىر ھاياتلىقنىڭ ھەممىسى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغدالدى، ئادەمنىڭ ھاياتى، ئادەمنىڭ قىممىتى، ئادەمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى كۆڭۈل قويۇپ قوغدالدى. «دۆلەت قانچە گۈللەنسە، پۇقرالارغا شۇنچە غەمخورلۇق قىلالايدۇ» بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسىنىڭ ئەڭ ياخشى شەرھلىنىشى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ خەلق مەركەز قىلىنغان قىممەت ئىنتىلىشىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى.

پارتىيەنىڭ خەلق بىلەن بوران - چاپقۇندا بىللە بولۇپ، ھايات - ماماتتا بىللە بولۇپ، باشتىن - ئاخىر قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى ساقلىشى پارتىيەنىڭ بارلىق قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ - خەتەر ئۈستىدىن غالىب كېلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان، جۇڭخۇا مىللىتى ئىچكى ئەنسىزلىك، تاشقى پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغاندا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى، يېڭى جۇڭگو ھەممە ئىشنى قايتىدىن باشلاشقا توغرا كەلگەندە جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلىدى، ئىسلاھات، تەرەققىياتتا بوران - چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرگەندە باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالدى، ھەر قېتىم بوران - چاپقۇن ھۇجۇم قىلغاندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ھەمىشە ئەڭ مۇھىم كاپالەت، ئەڭ ئىشەنچلىك تايانچ بولدى؛ ھەر قېتىملىق بوران - چاپقۇندىن كېيىن، جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى تېخىمۇ ھىمايە قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئىشەندى. دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى بولغاچقا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيەنى ھىمايە قىلىشى ۋە قوللىشى بولغاچقا، جۇڭگو دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان ئىقتىساد تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىش مۆجىزىسى ۋە جەمئىيەت ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇش مۆجىزىسىنى يارىتالىدى، بىز مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كەلكۈندىن غالىب كېلەلىدۇق، سارىستىن مۇداپىئەلىنەلىدۇق، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرالىدۇق، كىرىزىسنى تۈگىتەلىدۇق، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، بۇ قېتىمقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلىدۇق. تارىخ ۋە رېئاللىق بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، پەقەت پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي رەھبەرلىك كۈچى، ئىدىيەۋى يېتەكلەش كۈچى، ئاممىنى تەشكىللەش كۈچى، جەمئىيەتكە قارىتا چاقىرىق كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى مەڭگۈ ساقلىساقلا، بىز چوقۇم قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، تۈرلۈك مۇرەككەپ ۋەزىيەت ۋە خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارغا بىمالال تاقابىل تۇرالايمىز.

قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش جاسارەتكە باغلىق، ئېگىز تاغلارنىڭ ھەيۋىتى ئاساسىي چوققىسىغا باغلىق. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تۈرلۈك خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرالايدىغان، تۈرلۈك مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى كونترول قىلالايدىغان، كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە ماركسىزملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى پارتىيە، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يۆلەنچۈكى بولۇشقا مۇناسىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسى بولۇشقا مۇناسىپ. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، باشتىن - ئاخىر ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باشتىن - ئاخىر خەلق بىلەن قەلبداش بولۇپ، خەلق بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، خەلق بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلساقلا، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى ھېچقانداق كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ!

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى)